# قۇملۇق

# دېڭىز ساھىلى



مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

غۇنچەم ناھايىتى چىرايلىق ئوماققىنە بىر قىز ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆيى دېڭىز ساھىلىغا يېقىن بولۇپ، ئۇ دېڭىز بويىدىكى قۇملارغا رەسىم سىزىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ دەل-دەرەخلەر، ھايۋاناتلار ۋە ئۇچارقاناتلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزىپ، سىزغان رەسىمىنىڭ ئاستىغا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يوغان قىلىپ يېزىپ قويىدىكەن، ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرى قۇياش نۇرىدا تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەن.



كەچ بولغاندا دېڭىز دولقۇنى شىددەت بىلەن كۈچىيىپ، ئۇنىڭ دېڭىز بويىدىكى قۇملارغا سىزغان رەسىملىرىنى ئېقىتىپ يوق قىلىۋېتىدىكەن. بىراق، ئۇ رەسىم سىزىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەچكە، بۇنىڭغا پەقەت كۆڭلىنى يېرىم قىلمايدىكەن.



بىر كۈنى ئۇ ھايۋاناتلار باغچىسىغا بېرىپ ناھايىتى يوغان بىر پىلنى كۆرۈپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «ۋاھ! نېمىدېگەن چوڭ ھايۋان بۇ! ئۆيگە قايتقاندا دېڭىز بويىدىكى قۇملارغا بۇ ھايۋاننى چوقۇم سىزىپ باقمىسام» دەپ ئويلاپتۇ.



ئۇ قۇملۇقتا پىلنى قانداق سىزىش ھەققىدە ئويلىنىپتۇ. پىل ناھايىتى چوڭ بولغاچقا، ئۇ قولىغا ئۇزۇن بىر تاياقنى ئېلىپ پىل سىزىدىغان دائىرىنى بەلگىلىۋاپتۇ. ئۇنىڭ خىيالىدا پىل دېڭىز بويىدىنمۇ چوڭ ئىكەن. ئۇ ئالدى بىلەن پىلنىڭ بېشىنى سىزىپتۇ، ئاندىن پىلنىڭ خارتۇمىنى سىزىپتۇ، ئۇنىڭ سىزغان رەسىمى بارغانسېرى چوڭىيىپ دېڭىزغا تۇتىشىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ، رەسىم تېخى تولۇق پۈتمەيلا قۇملۇق تۈگەپ كەتكەچكە، ئۇ قانداق قىلارىنى بىلەلمەي غەمگە پېتىپ ئولتۇرۇپتۇ.



ئانىسى ئۇنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرغان ئىكەن، ئانىسى ئۇنىڭ غەمگە پاتقان ھالىتىنى كۆرۈپتۇ ۋە دەرھال قەغەز، قەلەم ۋە بوياقلارنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:- ۋاھ! ئەجەپ چىرايلىق سىزىپسىز، قىزىم. پىلىنىڭ خارتۇمى بەك چىرايلىق بوپتۇ، رەسىمىڭىزنىڭ داۋامىنى سىزغۇڭىز بارغۇ دەيمەن؟- دەپتۇ.



سۆيۈملۈك قىزىم، پىلنى بۇ ئاپئاق قەغەزگە سىزىپ،
ئاندىن بۇ بوياقلار بىلەن بويىساق، سىزىنىڭچە قانداق؟



غۇنچەم ئانىسىغا قاراپ غەمكىن ھالدا:- ئانا، مېنىڭ پىلنى ھۆل قۇملارغا سىزغۇم بار ئىدى،- دەپتۇ. ئانىسى:- تاتلىق قىزىم، قەغەزگە رەسىم سىزساق سىزغان رەسىمىمىز ئەسلىمە بولۇپ ساقلىنىپ قالىدۇ، دېڭىز دولقۇنىدا قۇمغا سىزغان رەسىملىرىمىز يوقاپ كەتكەندەك يوقاپ كەتمەيدۇ،- دەپتۇ.



غۇنچەم ئانىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئويلىنىپتۇ. ئۇ ئاخىرى ئانىسىنىڭ پىكرىگە قايىل بولۇپ قەغەز، قەلەم ۋە بوياقلارنى قولىغا ئاپتۇ. ئۇ ئانىسى بىلەن ئەدىيال ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ناھايىتى يوغان بىر پىل سىزىشقا باشلاپتۇ.



ئۇ پىلنىڭ يېنىغا كىچىك بىر قىزچاقنىڭ رەسىمىنى سىزىپ ئانىسىغا:- ئانا، بۇ ئەلۋەتتە بىر پىل. بىراق بۇ كىچىك قىزچاق كىم، بىلەمسىز؟- دەپتۇ.



ئانىسى قىزىغا قاراپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭ سۇئالىغا جاۋاپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ ھاياجان بىلەن:- ئانا، بۇ مەن، بۇ مېنىڭ دوستۇم پىل،- دەپتۇ.



ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ ھەرخىل چىرايلىق رەسىملەرنى ئاپئاق قەغەزگە سىزىشنى ئىزچىل داۋام قىپتۇ.

